# كۈن مەغرىبتىن چىقمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ، كۈن مەغرىپتىن چىققاندا، بۇنى كۆرۈپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۈن مەغرىبتىن چىقمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ، كۈن مەغرىپتىن چىققاندا، بۇنى كۆرۈپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتىدۇ، ئاشۇلاَ يَنْفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِنْ قَبْلُ، أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرًا تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ» [سۈرە ئەنئام 158-ئايەت]. ئەلۋەتتە ئىككى كىشى سودا - سېتىق قىلىش ئۈچۈن رەختلىرىنى يايىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سودا پۈتمەي تۇرۇپ ۋە رەختلىرىنى قاتلىماي تۇرۇپ قىيامەت بولىدۇ. ئەلۋەتتە بىر كىشى سۈتلۈك تۆگۈسىنى سىغىپ ئىچمەكچى بولىدۇ، سۈتىنى سىغىپ ئىچەلمەي قىيامەت بولىدۇ. بىر كىشى سۇ ئېچىدىغان كۆلنى قىرلاپ سۈيىنى ئىچەلمەستىن قىيامەت بولىدۇ. ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ بىرىڭلار يېمەكنى ئېغىزىغا كۆتۈرۈپ يۇتماي تۇرۇپ قىيامەت بولىدۇ».

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كۈننىڭ مەشرىقتىن چىقماستىن مەغرىبتىن چىقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بەردى، كىشىلەر بۇنى كۆرگەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا كاپىرنىڭ ئىمانى مەنپەئەت بەرمەيدۇ، شۇنداقلا، ئۇ ۋاقىتتا قىلىنغان ياخشى ئەمەللەر ۋە تەۋبىمۇ مەنپەئەت بەرمەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز بولىدىغانلىقى، ھەتتا قىيامەت بولغاندا كىشىلەر ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ھايات ئىشلىرى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى بىلەن بولىدۇ. ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچى سودا -سېتىق قىلىش ئۈچۈن رەختلىرىنى يايىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سودا پۈتمەي تۇرۇپ ۋە رەختلىرىنى قاتلىماي تۇرۇپ قىيامەت بولىدۇ. بىر كىشى سۈتلۈك تۆگىسىنى سىغىپ سۈتىنى ئىچەلمەستىن قىيامەت بولىدۇ. بىر كىشى سۇ تولدۇرۇش ئۈچۈن كۆلنى قىرلاپ بولۇپ سۈيىنى ئىچەلمەستىن قىيامەت بولىدۇ. بىر كىشى قولىدىكى يېمەكنى ئېغىزىغا كۆتۈرۈپ ئاغزىغا سالماستىن قىيامەت بولىدۇ.



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee